# 7874 ـ رۇقيه ئوقۇغۇچىدا تېپىلىشى كېرەك بولغان شەرتلەر

## سۇئال

كىشىلەرگە رۇقيه ئوقۇش ئۈچۈن قۇرئان ئوقۇيدىغان كىشى توغرىسىدا تالاش-تارتىش بولدى، بەزىلەر: شەرئى ئىلىم ئالمىغان كىشىنىڭ ھەممە كىشىلەرگە قۇرئان بىلەن رۇقيه ئوقۇپ قويۇشى توغرا بولمايدۇ دەيدۇ، يەنە بەزىلەر: رۇقيه ئوقۇيدىغان كىشى ھاپىز بولسا، ئەقىدىسى ساغلام بولسا، تەقۋادار ياخشى كىشى بولسا كۇپايە قىلىدۇ دەيدۇ، بۇ مەسىلىدىكى چېگىشنى بايان قىلىپ بېرىشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن، بۇنىڭ شەرئىيەتتىكى ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

قۇرئان كەرىمنى گۈزەل ئوقۇيدىغان، مەنىسىنى چۈشىنىدىغان، ئەقىدىسى ساغلام، توغرا ئەمەل قىلىدىغان، ئەخلاقى ياخشى بولسا، رۇقيه ئوقۇسا توغرا بولىدۇ، ئۇ كىشىنىڭ ئىلمى ماددىلارنىڭ ھەممىسىنى ۋە شاخچە مەسىلىلەرنىمۇ بىلىشى شەرت قىلىنمايدۇ، ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يىلان چېقىۋالغان كىشىگە رۇقيه ئوقۇغانلىقى بۇنىڭ دەلىلىدۇر. ھەدىستە بايان قىلىنغاندەك؛ «بىز پاتىھە سۈرىسىنىڭ رۇقيه ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتۇق» دېگەن. [بۇخارى رىۋايىتى 2276-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 2201-ھەدىس].

رۇقيه ئوقۇغۇچىنىڭ نىيىتى توغرا بولۇش، مۇسۇلمان قېرىندىشىغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىش كېرەك، ھەق ئېلىشنى ئاساسى مەقسەت قىلماسلىق كېرەك، شۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ ئوقۇغان رۇقيەسى مەنپەئەتكە يېقىن بولىدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.